مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «تىنچلىق قوغدىغۇچىسى» ياڭ سۇڭلىن

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ تېلېگراممىسى** (مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ) جياڭسۇ شۈجوۋنىڭ پېجوۋ شەھىرىدىكى لۇڭچۈەنزې خوۋيۈەن قەبرىستانلىقىدا، ئىنقىلابىي قۇربان ياڭ سۇڭلىننىڭ قەبرىسى بار. بۇ يەر دائىم ئۇنى يوقلاپ كەلگەن تۇغقانلىرى، ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى ئەۋلادلار قاتارلىقلارنى كۈتۈۋالىدۇ.

ياڭ سۇڭلىن، جياڭسۇ شۈجوۋنىڭ شىنيى شەھىرى خېگوۋ بازىرى چيەنباياڭ كەنتىدىن، 1955 - يىلى 6 - ئايدا تۇغۇلغان. 1976 - يىلى 3 - ئايدىن 1990 - يىلى 11 - ئايغىچە شېنياڭ ھەربىي رايونى 39 - جۈن 116 - شىسىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن، جەڭچى، بەنجاڭ، مۇئاۋىن چياڭجاڭ بولغان، قىسىمدىكى مەزگىلىدە ئىلگىرى - كېيىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن، شەرەپ بىلەن ئۈچ قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ھەم قىسىم تەرىپىدىن «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئۈلگىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. 1990 - يىلى 11 - ئايدا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، پېجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان.

2003 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت 18لەردە، پېجوۋ شەھىرى تيېفۇ بازىرىدا نومۇر تاختىسى ئاسمىغان بىر قىزىل مىنىبۇس تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان ھەم قارشى تەرەپتىكى چازىنى بۆسۈپ قاچماقچى بولغان. شۇ چاغدا پېجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش - چارلاش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى 5 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن جىداۋيۈەنلىكىنى ئۆتەۋاتقان ياڭ سۇڭلىن ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، دەرھال ئاپتوموبىل بىلەن قوغلىغان. ساقچى ئاپتوموبىلى مىنىبۇسنى قوغلاپ يېتىشىۋالغاندا، قارشى تەرەپ دېرىزىنى ئېچىپ ساقچى ئاپتوموبىلغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتقان ھەم «يەنە قوغلىساڭ ئېتىۋېتىمەن» دېگەن.

چەت جايدا بولغاچقا، يان تېلېفوننىڭ سىگنالى پۈتۈنلەي يوق بولۇپ، ياڭ سۇڭلىن خىزمەتداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئامالسىز قالغان. ئۇ خەتەر ئالدىدا قورقماي، ئۆزى يالغۇز ئاپتوموبىل ھەيدەپ سەككىز كىلومېتىر قوغلىغان، ئىككى ئاپتوموبىل كۆپ قېتىم قاتتىق سوقۇلۇپ، ئاخىردا مىنىبۇسنى يول بويىغا قىستاپ توختاتقان. ياڭ سۇڭلىن بەش قوراللىق، پىچاقلىق قارا نىيەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان، بەدىنىگە ئوق تەگكەن ۋە 30 نەچچە يېرىگە پىچاق تىقىلغان. «قان ئادەم»گە ئايلىنىپ قالغان ئۇ بىر قارا نىيەتنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتۇۋالغان. بەدىنىنىڭ كۆپ يېرى ئەجەللىك يارىلىنىپ يەرگە يىقىلغان بولسىمۇ، ياڭ سۇڭلىن قولىنى يەنىلا قويۇۋەتمىگەن، قارا نىيەت ئۇنىڭ بارماقلىرىنى بىر - بىرلەپ قايرىۋېتىپ، نەق مەيداندىن قېچىپ كەتكەن.

سەككىز كىلومېتىر قوغلاپ توسۇش، بەش مىنۇتلۇق ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش، توققۇز چىشىنى تەكشى چانىۋېتىش، 37 يەرگە پىچاق تىقىش ۋە بىر پاي ئوق، 14 مېتىرغىچە ئاققان قان... ياڭ سۇڭلىن كېچە - كۈندۈز قوغدىغان، سانسىز قېتىم چارلىغان بۇ بۆلەك تاشيولدا يىقىلغان، ھاياتى 48 ياشتا ئاخىرلاشقان.

قەھرىماننى ئۇزاتقان ئاشۇ كۈنى، كوچىدا ئۇزۇن سەپ پەيدا بولغان، ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئۇزاتقىلى كەلگەن ھەر ساھەدىكى ئاممىلار «ئىنقىلابىي قۇربان ۋاپات بولغان بولسىمۇ، شانلىق نامى مەڭگۈ پېجوۋدا قالىدۇ» «ھايات چېغىدا مەشھۇر كىشى، ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ قەھرىمان بولۇر» دېگەن تەزىيە لوزۇنكىلىرىنى كۆتۈرۈپ، ياڭ سۇڭلىنغا بولغان چوڭقۇر تەزىيەسى ۋە ئېھتىرامىنى بىلدۈرگەن. جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «تىنچلىق قوغدىغۇچىسى» دېگەن نامنى ياڭ سۇڭلىنغا تولۇقلاپ بەرگەن، 2004 - يىلى 2 - ئايدا، ئۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نام تولۇقلاپ بېرىلگەن.

ھازىر، ياڭ سۇڭلىننىڭ ئوغلى ياڭ نىڭ ۋە قىزى ياڭ خۇڭ دادىسىنىڭ كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئېلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىگە قوشۇلدى. «دادام مېڭىپ بولالمىغان يولنى بىز بىللە ماڭىمىز. دادام تاماملاپ بولالمىغان ئارزۇنى بىز بىللە تاماملايمىز.» 2016 - يىلى، ئوغلى ياڭ نىڭ ھەربىيلىك ھاياتىغا قىيمىغان ھالدا، كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ساقچى بولۇشنى قەتئىي تاللاپ، جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى ساقچى ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش بۆلۈمىنىڭ بىر خەلق ساقچىسى بولدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئەينەكتىكى ساقچى فورمىسى كىيگەن ئۆزىنى كۆرگەندە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. «دادا كۆردىڭىزمۇ، مەن سىزگە ئوخشاش ساقچى فورمىسى كىيدىم، سىز ئىلگىرى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئىش ئورنىڭىزدا تۇردۇم».

دادىسىنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتى ئىزچىل ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەنگە تەسىر قىلدى، يېتەكچىلىك قىلدى. ھازىر، ياڭ نىڭ كەسىپ ماھىرىغا ئايلىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن تەقدىرلەشكە ئېرىشتى. «بىز ئاكا - سىڭىل بىرلىكتە دادىمىز ئەڭ ياخشى كۆرگەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىمىزدىن ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىمىز. مېنىڭچە، داداممۇ چوقۇم خۇشال بولىدۇ!» دېدى ياڭ نىڭ.

# ما زۇگۇاڭ: يەن تەتقىقات ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش

## بىر ئۆمۈر «نۇر قوغلىشىش»



ما زۇگۇاڭنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن تېلېگراممىسى** (مۇخبىر ياڭ سىچى) ما زۇگۇاڭ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، خاربىن سانائەت داشۆسى ئالەم قاتنىشى شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى، ھايات ۋاقتىدا ئۇزاق مۇددەت لازېر نۇرلۇق دېئېلېكترىك سپېكتىر، يېڭى تىپتىكى تەڭشىگىلى بولىدىغان لازېر نۇرى ۋە سىزىقسىز ئوپتىكا ھەم ئەمەلىي قوللىنىش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. بىر ئۆمۈر «نۇر قوغلىشىش»، پەن تەتقىقات ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۇنىڭ ھايات كارتىنىسى.

ما زۇگۇاڭ 1928 - يىلى بېيجىڭدا تۇغۇلغان، كېيىن شەندۇڭ داشۆسىدە ئوقۇغان. 1950 - يىلى، ئۇ ۋەتەننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خاربىن سانائەت داشۆسىنىڭ ئاسپىرانتلار سىنىپىدا ئوقۇغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، چەت ئەلدە زىيارەتچى ئالىم بولغان مەزگىلدە، ما زۇگۇاڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «ناترىي قوش ئاتوملۇق مولېكۇللىق بىرىنچى ئۈچ قات ھالەتلىك سەكرەپ يۆتكەلمىدىغان» يېڭى سپېكترنى بايقىغان. بۇ، خەلقئارادا تۇنجى قېتىم كۆزىتىلگەن مۇشۇ سپېكتىر رايونىدىكى يالتىراق نۇرلۇق رادىياتسىيە.

لېكىن، ئەينى چاغدىكى چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ما زۇگۇاڭنىڭ نەتىجىسى چەت ئەلنىڭ تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن، دەپ قاراپ، ئىلمىي ماقالىدە ما زۇگۇاڭنىڭ ئىسمىنى ئۈچىنچى ئورۇنغا تىزغان. ما زۇگۇاڭ دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىپ تالاش - تارتىش قىلغان، ئاخىرىدا، بۇ تۈردىكى بايقاش پەقەت ئۇ بىر كىشىگىلا مەنسۇپ دەپ بېكىتىلگەن.

ما زۇگۇاڭ: «مېنىڭ تالاشقىنىم دۆلەتنىڭ ئابرۇيى، دۆلىتىمىز كىشىلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى. بۇنى جۇڭگولۇقلار بايقىغان، شان - شەرەپ جۇڭگوغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك» دېگەن.

بۇ تەجرىبىنى ئىشلىگەندە، ما زۇگۇاڭ ئىككى يىلدا 150 جىڭ كەسمە چۆپ يېگەن. باشقىلار كۈندۈزى تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەتسە، ئۇ باشقىلار دەم ئالغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، كەچ سائەت ئالتىدىن ئەتىسى سەھەر سائەت 9غىچە تەجرىبە ئىشلىگەن. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە، ما زۇگۇاڭنىڭ چامدانىدا كىيىم - كېچەك ۋە ئاياغدىن باشقا، پەقەت بىر دۆۋە خاتىرە دەپتەر ۋە تەجرىبىخانا ئۈچۈن سېتىۋالغان كىچىك ئەسۋابلارلا بار ئىدى. ئۇ يەنە تېجەپ قالغان تاشقى پېرېۋوتنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ: «چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتى ۋە پۇلنى دۆلەت بەرگەن، مەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزۈم ئۈچۈن نەرسە سېتىۋالسام بولمايدۇ» دېگەن.

ما زۇگۇاڭ پەن تەتقىقات، ئىلىم تەھسىل قىلىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان ئىدى. ئۇ ھاۋالە بىلەن لازېر نۇرىغا ئائىت بىرتۇتاش تۈزۈلىدىغان بىر دەرسلىك كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ 250 مىڭ خەتلىك ئارگىنالنى تەھرىرلىگەندە، ھەربىر بەت، ھەربىر قۇر، ھەتتا ھەربىر تىنىش بەلگىلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئارگىنالنى بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرتكەن. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى نەشرگە بېرىشكە بولىدۇ، دەپ قارىغان ۋاقىتتا، ئۇ يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېقىش تەكلىپىنى بەرگەن: «ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان بولۇش بىلىمگە تۇتۇلغان ئەڭ ئەقەللىي پوزىتسىيە!».

مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان نەچچە ئون يىلدا، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ما زۇگۇاڭ تەتقىقات يۆنىلىشىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لازېرلىق دېئېلېكترىك سپېكتىر، يېڭى تىپتىكى تەڭشىگىلى بولىدىغان لازېر نۇرى، X نۇر لازېر نۇرى، سىزىقسىز ئوپتىكا تېخنىكىسى، ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق لازېر نۇرى تېخنىكىسى ۋە لازېر نۇرى بوشلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسى قاتارلىق كۆپلىگەن يېڭىلىق يارىتىشچان دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى پەن تەتقىقات يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خەلقئارادا لازېر نۇرلۇق تەۋرىنىشتىن ئون تۈرنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىشقا ئاشۇرغان، يېڭى يالتىراق نۇر سپېكتىر رايونىدىن 17نى بايقىغان، سىزىقسىز ئوپتىكا جەريانىدىن يەتتە تۈرنى ھەممىدىن ئاۋۋال كۆزەتكەن، 13 يېڭى سپېكتىر رايونىنى ھەممىدىن ئاۋۋال كۆزەتكەن... ما زۇگۇاڭ لازېر نۇرى قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىشتا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تېمىلارنى ئۈستىگە ئېلىپ، خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيەدە تۇرىدىغان ياكى دۆلەت ئىچىدە ئىجادىي بولغان بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆپ قېتىم دۆلەت تەبىئىي پەن مۇكاپاتى، دۆلەت پاتېنتى ھەمدە ئۆلكە، مىنىستىرلىق دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

1999 - يىلى، مەكتەپ ئۇنى ئاكادېمىكلار باھالىشىغا قاتنىشىشقا تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئىلتىماس ماتېرىياللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. 2003 - يىلى، ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بىر ئاي ئىلگىرى، يەنە تەكلىپكە بىنائەن ئوقۇغۇچىلارغا «ئادەم بولۇش ۋە ئىش قىلىش» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن...

«بىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيەگە، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى كونكرېت بولىدۇ، ئۇنىڭ كونكرېتلىقى ھەر كۈنى قانداق ئادەم بولۇش، قانداق ئىش قىلىش ۋە خىزمەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ» «باشقىلارنىڭ شارائىتى ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئۆز دۆلىتىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىشقا يەتمەيدۇ»... بۇ، ما زۇگۇاڭنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئاددىي سۆزى، شۇنداقلا ئۇنىڭ دۇنياغا قالدۇرغان مەنىۋى بايلىقى.

# جاڭ جىيمىڭ: قارا نىيەتلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان جامائەت خەۋپسىزلىكى قەھرىمانى - نەمۇنىچىسى



جاڭ جىيمىڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا تېلېگراممىسى** (مۇخبىر ليۇ لياڭخېڭ) 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا، «جۇمھۇرىيەت ئۇنتۇمايدۇ — 1949 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، يارىلىنىپ مېيىپ بولغان جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى خاتىرە فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» ئېچىلدى. مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ جىيمىڭنىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرۈرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تولىمۇ جەلپ قىلدى.

جاڭ جىيمىڭ، ئەر، 1972 - يىلى 10 - ئايدا خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ نىڭشياڭ ناھىيەسى(ھازىرقى نىڭشياڭ شەھىرى)دە تۇغۇلغان، 1992 - يىلى 12 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 2002 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە، 1 - دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى، قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى چاڭشا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چارلاش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى فۇرۇڭ چوڭ ئەترىتىدە خەلق ساقچىسى بولغان.

2003 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، جاڭ جىيمىڭ مۇھىم، زور مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەھۋال ئەڭ مۇرەككەپ بولغان چارلاش رايونىغا بېرىپ چارلاش، دېلو بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇ كۈنى سەھەر سائەت 4 تىن 11 مىنۇت ئۆتكەندە، جاڭ جىيمىڭ، لو شىخەي، چېن ۋېيدىن ئىبارەت ئۈچ خەلق ساقچىسىدىن تەشكىللەنگەن چاڭشا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چارلاش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى فۇرۇڭ چوڭ ئەترىتىنىڭ 12 - نومۇرلۇق چارلاش ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسى چاڭشا شەھىرى شاۋشەن يولىنى چارلاۋاتقاندا، چاڭشا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 110 ساقچىغا مەلۇم قىلىش مەركىزىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان، بۇيرۇقتا ئۈچ ئوغرىلىق جىنايەت گۇماندارىنىڭ تامدىن ئارتىلىپ فۇرۇڭ رايونى يۈيىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرىپ كەتكەنلىكى ئېيتىلىپ، 12 - نومۇرلۇق ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسىنىڭ دېلونى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىشى تەلەپ قىلىنغان.

بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 12 - نومۇرلۇق ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسى تېزلىكتە يۈيىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلگەن. دېلو مەلۇم قىلغۇچىدىن كونكرېت ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، جاڭ جىيمىڭ دەرھال ئالاقىدار خادىملارنىڭ ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاختۇرۇشنى قانات يايدۇرغان. بەش مىنۇتتىن كېيىن، جاڭ جىيمىڭ ئالدى بىلەن مالىيە ئىشخانىسى كارىدورىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ئاجىز نۇر چىقىپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال جىنايەت گۇماندارىغا سىرتقا چىقىشنى بۇيرۇغان ھەم خىزمەتداشلىرىغا كارىدور دەرۋازىسىنى قورشاشنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئۆزى ھەممىدىن بۇرۇن ئېتىلىپ كىرگەن.

ئۈچ جىنايەت گۇماندارى ساقچى بارلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۈچ قىرلىق قىرىش پىچىقىنى ئوينىتىپ، بىر تەرەپتىن سىرتقا بۆسۈپ قاچقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر جىنايەت گۇماندارى سىرتقا قاچقاندا، جاڭ جىيمىڭ ئۇنى تۇتىۋالغان. ئۇچىغا چىققان قەبىھ جىنايەت گۇماندارى بىر تەرەپتىن «ئۇنداق قىلما» دەپ جار سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاتىللىق قورالىنى پۇلاڭلىتىپ، جاڭ جىيمىڭغا قالايمىقان تىققان.

ئۈچلۈق خەنجەر ئالدىدا، جاڭ جىيمىڭ قىلچە قورقۇپ قالمىغان. لېكىن كارىدور بەك قاراڭغۇ بولغاچقا، جىنايەت گۇماندارى بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا جاڭ جىيمىڭ يەنىلا يارىلانغان. جىنايەت گۇماندارى جاڭ جىيمىڭغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 پىچاق تىققان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پىچاق يۈرەك ۋە ئۆپكىنى تېشىۋەتكەن بولۇپ، يارا ئېغىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 18 سانتىمېتىرغا يەتكەن. ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتىدە، جاڭ جىيمىڭ يەنىلا جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئىككى پۇتىنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ قويۇۋەتمىگەن.

ۋەھشىي جىنايەت گۇماندارى باشتىن - ئاخىر قەھرىماننىڭ ئامبۇردەك ئىككى قولىدىن قۇتۇلالمىغان، بەش مىنۇتتىن كېيىن، ئېلىشىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىغان ئىككى سەپدىشى ۋە ئاممىلىق ساقلىغۇچى يېتىپ كېلىپ، بىرلىكتە جىنايەت گۇماندارىنى بويسۇندۇرغاندىلا، جاڭ جىيمىڭ قولنى بوشاتقان. «سىلەر ئۇنى (قارا نىيەت) ئېلىپ كېتىڭلار، مەن بولالماي قالدىغاندەك تۇرىمەن»، بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا جاڭ جىيمىڭ ھوشىدىن كەتكەن، ئاخىر يەنىلا ھوشىغا كېلەلمىگەن.

ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن جاڭ جىيمىڭدىن قان زىيادە كۆپ چىقىپ كېتىپ، يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

چاڭشا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سىياسىي بۆلۈمى تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى كۇڭ يى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: جاڭ جىيمىڭ بىر مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىسى. ھايات ۋاقتىدا، ئۇ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى باشتىن - ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ ۋە تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشقان. ئۇ ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر دۆلەت مەمۇرى بولۇپ باھالانغان، تۆت قېتىم تارماق ئەترەت تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالانغان، 1995 - يىلى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشتا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، چاڭشا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن. 2002 - يىلى، 2003 - يىلى كوچىلاردىكى «بۇلاش، تارتىۋېلىش» جىنايىتىگە زەربە بېرىش نەتىجىسى ئەلا بولغاچقا، ئىككى قېتىم تارماق ئەترەت تەرىپىدىن «تۇتۇش ماھىرى»، «تەھقىقلەپ پاش قىلىش ماھىرى» دەپ باھالانغان.

2003 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى جاڭ جىيمىڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن؛ 2003 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى جاڭ جىيمىڭغا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

قومۇل يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدا، شاڭخەي ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى جابدۇقچىلىقى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ نەچچە ئون ئىشچىسى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ يىل، شامال ئېلېكتر ساھەسى جىددىي ئورنىتىش دولقۇنىنى كۆتۈۋالدى، شىركەتنىڭ پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش زاكازى تىزىلىپ توشۇپ كەتتى. «بىز ئىسمىنا ئالماشتۇرۇش ۋە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش تۈزۈمىنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە قويۇپ بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، بەزى ئىشلەپچىقىرىش ئەسۋابلىرىنى قايتىدىن لايىھەلەش ۋە ياساش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈردۇق. ھازىر، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 50%تىن 60%كىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى» دېدى شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل خادىمى باۋ ۋېنلىن.

تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ سىياسەت بىلەن تەمىنلەش، ئەمەلىي تەدبىر كۆرسىتىش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن يار - يۆلەك بولۇش... ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي، كارخانىلارنى خاتىرجەم قىلدى. ھەرقايسى جايلار «بىر كارخانىغا بىر سىياسەت بولۇش»، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلدى. سانجى دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى كارخانىلارغا 77 كادىر ئەۋەتىپ، يۈزتۇرا، يېقىندىن سىردىشىپ مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ خام ماتېرىيال ۋە مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. ئاراتۇرۇك ناھىيەسى «ئالدى بىلەن تەستىقلاپ ئاندىن قۇرۇش»نى «ئالدى بىلەن قۇرۇپ ئارقىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش»قا ئۆزگەرتىپ، ئاراتۇرۇك سانائەت باغچە رايونىدا باغچە رايونىغا كىرىشنى ئالدىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ھەم قانۇنىي كۈچكە ئىگە ۋەدە بەرگەن كارخانىلار ئۈچۈن ئومۇمىي مۇساپىلىك ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇلازىمەت ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولدى.

پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش تېزلىتىلىپ، نۇقتىلىق سانائەت تۈرلىرى قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سىجىل كۈچ سەرپ قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، زىياننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سانائەت كارخانىلىرى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا قاراپ جاسارەت بىلەن ئۈچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)